جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، يېقىنقى مەزگىللىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تارقىلىش يولىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك. مەھەللىلەرنىڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاساسىنى پۇختىلاپ، تېخىمۇ كۆپ كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا ياردەم بېرىپ، شۇ جايدىكى تورلۇق كادىرلارنىڭ مەھەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە پائال ئاتلىنىشىنى قوللاپ، ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزىگە ئۆزى مۇلازىمەت قىلىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، كونا ئولتۇراق رايونلارنىڭ سەھىيە، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، مەھەللە مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەمتۈكلۈكلىرىنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى پسىخىك جەھەتتىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك كوللېكتىپلارنىڭ ماسلىشىپ مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىشى، كۆپ پەن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېغىر كېسەللەرنى كەسپىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش كۈچىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كېلىنىكىلىق داۋالاشنىڭ توغرىلىقى، ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىش كېرەك. كېسىلى يېنىك ئاغرىقلارنى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ داۋالاپ، تېببىي ئارىلىشىشنى بالدۇر يولغا قويۇپ، يېنىك كېسەللىك ئېغىر كېسەلگە ئۆزگىرىپ كېتىشنى ئىمكانقەدەر ئازايتىش كېرەك. داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈش ۋە تەقسىملەش ئۈنۈمىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، يول ۋە توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جىددىي ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيالارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بىرىنچى سېپىگە تېز يەتكۈزۈش كېرەك. بېيجىڭ قاتارلىق نۇقتىلىق ئۆلكىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل ئېھتىماللىقى بولغان يۇقۇم مەنبەسىنى قەتئىي ئۈزۈۋېتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئالاھىدە سورۇنلار ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ مۇداپىئە تەدبىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. كۈتۈنۈش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، بالىلار پاراۋانلىقى، روھىي ساغلاملىق بويىچە داۋالاش قاتارلىق ئاپپاراتلاردا ئادەم زىچ، مۇھىت يېپىق بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۆزى مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز، تەۋەلىك جاي مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، تېخىمۇ قاتتىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، سىرتتىن يۇقۇم مەنبەسىنىڭ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يۇقۇملانغان ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتچىلەر، داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن تاشلاندۇقلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىدىغانلار، ھەم ئېتىلگەن بوشلۇقتىكى مۇلازىمەتچىلەر قاتارلىق كىشىلەر توپىنىڭ مۇداپىئەلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاراتمىلىققا ئىگە ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى دەل جايىدا، پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇقىم قىلىش، قاتناش ـ ترانسپورتنى راۋانلاشتۇرۇش، بازار تەمىناتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى قوللاش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىنچىكە، پۇختا ئىشلىشى كېرەك. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا پائال ياردەم بېرىپ، ماسكا، دېزىنفېكسىيە بۇيۇمى قاتارلىق مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، ئورۇنلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قائىدىسىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا كۆرۈلگەن بەزى يۇقۇملانغان ئاغرىق مىسالىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى ئىلمىي، دەل جايىدا بولۇشى كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇلازىمىتىنىڭ قولايلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، نامۇۋاپىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېزدىن جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسەتنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر گەۋدىلەشكەن ھۆكۈمەت ئىشلىرى سۇپىسىدا كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت مەخسۇس سەھىپىسى تەسىس قىلىپ، تۈرلۈك سىياسەتلەردىن ئاسان خەۋەردار بولغىلى، بىر بېكەتلىك بېجىرگىلى بولىدىغان قىلىش كېرەك. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، بەزى ياخشى سىياسەت ۋە ئۇسۇللارنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش دۆلىتىمىزنىڭ مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. داۋاملىق دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىلىنىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، سىرتقا تەشۋىق قىلىش ـ تونۇشتۇرۇش ۋە ئاممىۋى دىپلوماتىيەنى كۈچەيتىپ، رايون ۋە دۇنيانىڭ ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئورتاق قوغداش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچى، نىشان ـ ئۆلچەمنى چىڭ كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچنى كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماي، ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈۋەتمەي، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەي، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق ئىشلەتمەي، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەي، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەي، ھەم ئالدىغا ئۆتۈۋالماي، قەستەن كەينىگە سۈرمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە كەم ـ كوتىسىز تاماملاش كېرەك.

ئۈچىنچى، دەل جايىدا بولغان تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئۆتكەلگە نىشانلىق ھۇجۇم قىلىپ، قەتئىي ھالدا ئېغىر نامراتلىق قورغىنىنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش كېرەك. تور مەبلىغى ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مەبلىغىنى مايىللاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى چىقىرىدىغان، كىرگۈزىدىغان جايلارنى دەل جايىدا ئۇلاشتۇرۇپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا تەرتىپلىك قايتىشىغا ياردەم بېرىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچى، ۋۇشىكا ئىبسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ بولغان ناھىيە ۋە كەنتلەرگە قارىتا ۋۇشىكا ئىبسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ ۋۇشىكا ئىبسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلەر باشلامچىلىق قىلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشى، ئاپتونوم رايون ناھىيەلەرگىچە نازارەت قىلىشى، ۋىلايەت، ناھىيەلەر كەنتلەرگىچە نازارەت قىلىشى كېرەك، بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇش، قاتلام بويىچە ئالغا سىلجىتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بەشىنچى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقنى ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، تېرىقچىلىق مەزگىلىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك يەر ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھازىر، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى تەمىناتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى، دېھقانلارنىڭ ئېتىزغا چىقىشى قاتارلىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىقچىلىققا تەييارلىق قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىسىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، كېسەل، ھاشارات زىيىنى ۋە ھايۋانات كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئالتىنچى، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆزىتىش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، نۇقتىلىق، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتتە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يەتتىنچى، مەسىلىنى تۈزىتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»، 2019 ـ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش، چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردا قايتا ئىنكاس قىلىنغان ياكى بايقالغان مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، مەسىلە تىزىملىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزىتىشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە كۈچەپ، پۇختا بولغان تۈزىتىش نەتىجە ـ ئۈنۈمى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

سەككىزىنچى، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش، پۇختىلاشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ناھىيە، شەھەرلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇش، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئورتاق تۇتۇش، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ھەمكارلىشىپ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئىستىلىنى سىجىل ياخشىلاپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي توسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى گې شاۋۋېن مۇنداق دېدى: داۋاملىق تۈردە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تۆھپە قوشىمىز.

«ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان كارخانىلارنىڭ يىللىق تىجارەت نىشانىنى چۆرىدەپ، بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىخەتەر، تەرتىپلىك، تۈرگە ئايرىپ ئالغا سىلجىتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى، قوللىدى، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى پىلان تەرەققىيات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى يۈ كۈن.

شىنجاڭ «1 ـ ئىيۇل» جياڭيۇ ئىچىتىش چەكلىك شىركىتى كەسپىي تەرەققىيات بۆلۈمىنىڭ باش نازارەتچىسى جيا تيەنيۈەن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت ئارقا ـ ئارقىدىن پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق يۆلەش ـ قوللاش، ئۆي ئىجارىسىنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش، سۇ، توك ھەققىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرۇشتا ئېتىبار بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى، «شىركىتىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قاتتىق ياخشى ئىشلەپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى پائال ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق».

«باش شۇجى سۆزىدە: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كادىرلارنى كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىپ، بىزنىڭ كادىرلارنى ئۆستۈرۈش، تەيىنلىشىمىزگە ئېنىق يۆنىلىش ۋە يول كۆرسىتىپ بەردى.» مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى ۋۇ مۇنداق بىلدۈردى: مورى كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا ئالاقىدار تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا تۈزۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ جەڭ مەيدانىنى كادىرلارنى بايقاش، ئۆستۈرۈشتىكى «ئىمتىھان مەيدانى» قىلدى.

«بىز ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سىرداشى بولۇپ، ئامما ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ھەل قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى غۇلجا شەھىرىنىڭ تاشكۆۋرۈك يېزىسى تاغنۇر مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى شيەن چىبو.

(مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا، قاتناشقان مۇخبىرلار شى شىن، چاۋ جېن، جاۋ چۈنخۇا، ۋاڭ يۈڭفېي، گې يۈۋجۈن، جاڭ تىڭ، ما يىنىڭ، يۈ شى، سۇ لۈپىڭ، خەن چىنيەن، رايىدە)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشلەپچىقىرىش سۇبيېكتلىرىنى تېرىقچىلىق مەزگىلگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك، تەرتىپلىك، ۋاقىت تەقسىماتى بويىچە ئېتىزغا چىقىش، تارقاق ئەمگەك قىلىشقا ئىلمىي تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈردى.

«قەشقەر ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئىلمىي پىلانلاپ، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى» دېدى قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى تۇرغۇن قادىر.

قومۇل شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چېن چېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: قومۇل شەھىرى يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش، تەمىنلەشنى ئۈزۈلۈكسىز كۈچەيتىش بىلەن بىللە، چارۋىچىلىقتىكى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە يېزا ئىگىلىكىدىكى كېسەل، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا، ئىنچىكە ئىشلەش، سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىدىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، تۇرۇبا يوللىرىنى تازىلاش، تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىشنى دەل ۋاقتىدا ياخشى قىلىش، يېزا ئىگىلىكىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە تېرىلغۇ تەييارلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان سۇغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلدى.

«جۇڭگو پاختا شەھىرى» دەپ ئاتالغان ئاۋات ناھىيەسى، بۇ يىل بىر تۈركۈم «توپ تۇتاش كەتكەن، تېرىلغۇ يەر سۈپىتى ئەلا، سۇغىرىش ـ چىقىرىش سىستېمىسى مۇكەممەل، مەشغۇلات يولى ئۆلچەملىك، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ياخشىلانغان» يۇقىرى ھوسۇللۇق، مۇقىم ھوسۇللۇق ئۆلچەملىك كېۋەز ئېتىزلىرىنى بەرپا قىلىپ، دېھقانلارنىڭ پاختا سېتىشى تەس بولۇش، سېتىۋېلىش كارخانىلىرىنىڭ پاختا سېتىۋېلىشى تەس بولۇش، يىپ ئېگىرىش كارخانىلىرىنىڭ پاختا ئىشلىتىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى.

قاراقاش ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئادىل ئابدۇغېنى مۇنداق دېدى: «ھازىر، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 526 مىڭ 500 مو يەردىكى مېۋىلىك دەرەخ چاتاپ بولۇندى، تاماملىنىش نىسبىتى %80كە يەتتى، %45 كۆزگى بۇغداينى ئەتىيازلىق سۇغىرىش تاماملاندى، 28 مىڭ 724 توننا ھەر خىل خىمىيەۋى ئوغۇت، 874 توننا سولياۋ يوپۇق، 1196 توننا ئۇرۇق زاپاس ساقلاندى، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى غەملەش يېتەرلىك بولدى».

«بىز پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمىتى ئەترىتى تەشكىللەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۇرۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، كۆممىقوناق ۋە كېۋەز تېرىشقا تەييارلىق قىلىشىغا ياردەم بەردۇق» دېدى ئاقتۇ ناھىيەسى پىلال يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قۇربانجان ئىسمائىل.

(مۇخبىرىمىز رايىدە، قاتناشقان مۇخبىرلار ليۇ يى، گې يۈۋجۈن، خەن چىنيەن، جاڭ جىلى، پەرىزات ئابدۇل)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئاكتىپ ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى كېڭىيىۋاتىدۇ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەرقايسى جايلارنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى ئوخشىمايدۇ، ھەم ئوخشىمىغان رايونلارغا قارىتا «بىر تاياقتا ھەيدەش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ، ھەم يەڭگىللىك بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇشقا، تۆھپىلەرنىڭ يوققا چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولمايدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى جايىدا ئىشلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نۇقتىلىق بولمىغان جايلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچلۈك ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەشكە مۇناسىۋەتلىك، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ پەيتتە، بۇ بىزدىن يۇقۇم ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلىشنى، ئوخشىمىغان رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا پەرقلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشنى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈشنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشتا، ئالدى بىلەن ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، ئىشەنچنى چىڭىتىش كېرەك. بىز ھامان يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز، بۇ ئېنىقكى مۇقەررەرلىك. يۇقۇمنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتكە بىرقەدەر زور تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، قانچە مۇشۇنداق ۋاقىتتا، شۇنچە ئومۇمىيۈزلۈك، دىيالېكتىكىلىق، يىراق كەلگۈسى نەزەر بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قاراش كېرەك، مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ كەتمەسلىك كېرەك. دۆلىتىمىز چوڭ دۆلەت، چىدامچانلىقى كۈچلۈك، يوشۇرۇن كۈچى يېتەرلىك، ئايلىنىپ ئەسلىگە كېلىش ئىمكانىيىتى زور، ئىقتىسادنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشىنىڭ ئاساسىي تەرىپى ئۆزگەرمىدى، يۇقۇمنىڭ زەربىسى قىسقا مۇددەتلىك، ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلغىلى بولىدۇ. پەقەت بىز بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسەتنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تولۇق قويۇپ بەرسەكلا، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشتا، ئاچقۇچ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشتا. يۇقۇم ئېغىر ياكى خەۋپ ـ خەتەر يۇقىرى رايونلار داۋاملىق زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى، خەۋپ ـ خەتەر ئوتتۇراھال رايونلار ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، خەۋپ ـ خەتەر تۆۋەن رايونلار ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. ماكرولۇق سىياسەتنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئايلىنىشنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتىن سىيرىلىپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قىسقا مۇددەتلىك زەربىنىڭ يۈزلىنىش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشكە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى تېخىمۇ ئاكتىپ، ئەسقاتىدىغان بولۇش، پۇختا، مۇكەممەل پۇل سىياسىتىدە جانلىق، مۇۋاپىق بولۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي ئورۇنداپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغ ئاساسىي ئەندىزىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشتا، ھەم بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش پىلانى بولۇش، ھەم تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارى بولۇش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ «خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش»قا ماھىر بولۇش كېرەك. بولۇپمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا ئالاقىدار نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئۇنى دەپ بۇنىڭدىن قۇرۇق قېلىشقا بولمايدۇ، ئاستا ـ ئاستا تۇتۇش، ساقلاپ تۇرۇش ئىدىيەسىدە بولۇشقا بولمايدۇ، ئىنچىكە تۇتماسلىق، ئەمەلىي تۇتماسلىققا بولمايدۇ.

ئادەم ئىرادىلىك بولسىلا، قاتمۇقات توسالغۇ، ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ مەنزىلگە يېتەلەيدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، پەقەت بىز مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، چوڭ جەڭدە ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چوڭ سىناقلاردا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرساقلا، چوقۇم بۇ مەيدان يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز، يەنە چوقۇم دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىيالايمىز، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سائەت 24 تىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنىڭ دەرىجىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا تاسادىپىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش 1 ـ دەرىجىلىك لايىھەسىدىن 2 ـ دەرىجىلىك لايىھەسىگە تەڭشىدى. بۇ، يۇقۇمنىڭ پەسىيىۋاتقانلىقىنىڭ سىگنالى، تېخىمۇ مۇھىمى ئالدىنقى مەزگىلدىكى قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئاكتىپ نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق، 1 ـ دەرىجىنى 2 ـ دەرىجىگە چۈشۈرۈش ھەرگىز ۋىرۇسنىڭ يوقالغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ئويلاپ باقايلى، يۇقۇم دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتكە يامرىدى، ئويلاپ باقايلى، پۈتۈن مەملىكەتتە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى نەچچە ئون مىڭغا يەتتى، ئويلاپ باقايلى، شىنجاڭدا يۇقۇم كونترولسىز قالسا ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ؟ بىزنىڭ ئېسەنگىرەپ كېتىشكە، بىخۇدلۇق قىلىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق.

مۇشۇ پەيتتە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سەۋەبلىك سىرتقا ناھايىتى ئاز چىقىۋاتقان سىز ۋە مەن كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇت ئاستىدا ئۆزىمىزنى قويۇۋېتىشتەك ھاياجانلىنىشتىن ساقلىنالمايمىز، دوست ـ بۇرادەرلەرنى چاقىرىپ ناخشا ئېيتىپ، بەھۇزۇر ئىچىشىش ئارزۇيىمىز بولۇشتىن ساقلىنالمايمىز، بۇلار كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئادەتتىكى ھېسسىيات، ھەممە ئادەم بۇنى توغرا چۈشىنىدۇ. بىراق، مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە بىر ئادەمنىڭ بىخۇدلۇقى تۈپەيلىدىن، ۋىرۇس يوچۇق تېپىپ كىرىشى مۇمكىن؛ كۆپچىلىك بوشىشىپ كەتسە، ۋىرۇس قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن، قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىكارغا كېتىشى، قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ قۇربان بېرىشى بىكارغا كېتىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز.

سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلار ھېچ يەرگە قېچىپ كەتمەيدۇ، بىز ۋاقىتنىچە يىراقتىن نەزەر سېلىپ تۇرايلى؛ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ھامان بىر كۈنى جەم بولىدۇ، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىراپ كەتمەيلى. شۇنچە ئۇزاق چىداپ كەلدۇق، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە ئۈچۈن، بىز چوقۇم يەنە چىدىشىمىز، يەنە ساقلىشىمىز كېرەك. ھەممە ئادەم سىرتقا ئاز چىقىش، يىغىلماسلىق، ماسكا تاقاش، قولنى پات ـ پات يۇيۇپ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرسىلا، ۋىرۇس چوقۇم يوقىلىدۇ، غەلىبە چوقۇم قەرەلىدە يېتىپ كېلىدۇ.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، تيانشاندا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان چاغدا، سىرتقا چىققانلارنىڭ ھەممىسى گۈلدىن ھۇزۇرلانغۇچىلار بولىدۇ.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)